# «ئۇلارنىڭ جەمەتىنى يوقىتىپ، ئۇرۇغىنى قۇرۇتىمىز»

*خىتاينىڭ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتى*

# قىسقىچە مەزمۇنى

ئۇلارنىڭ جەمەتىنى يوقىتىمىز، ئۇلارنىڭ ئۇرۇغىنى قۇرۇتىمىز، ئۇلارنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزىمىز، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۈچۈرىمىز. تا ئىككى يۈزلىمچىلەرنى تۈگەتكۈچە، ئۇلارنى يىلتىزىدىن تاسقاپ، كولاپ چىقىرىشقا قەسەم قىلىمەن.

— مەسۇمجان مەمۇر، خىتاي دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدىن، 2017-يىلى 10- ئاۋغۇست، شىنخۇا ۋېيبو تورى

2014- يىلى مايدا، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى نىشانلاپ، « «زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»» نى باشلىدى.1 مەيلى ستەنفورت ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە توقۇنۇشنى ھەل قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بىللە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتتىدا بولسۇن، ياكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئاخبارات ساھەسى، پائالىيەتچى تەشكىلاتلار ۋە باشقىلارنىڭ دوكلاتلىرى، ھەتتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى ماتېرىياللىرى ھەممىسى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ يەردىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئېلىپ بارغان ھەم بۇنى ھېلىھەم داۋاملاشتۇرماقتا.[2]

بۇ دوكلاتتا يۇقىرىقى ھۆكۈمنىڭ پاكىت ئاساسلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايوندىكى قىلمىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى خەلقئارالىق قانۇن رامكىسى بويىچە باھالىغان.

خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ رىم نىزامنامىسىدا، كەڭ دائىرىدە ياكى سىستېمىلىق ھالدا ھەرقانداق كىشىگە قەستەن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىش ئېغىر جىنايەت دەپ بەلگىلەنگەن. «كەڭ دائىرىدە» دېگىنى قىلمىشنىڭ كۆلىمى ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. «سىستېمىلىق» ھۇجۇم قىلىش دېگىنى ئەندىزىسى ياكى لايىھەلەنگەن پىلاننى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئاددى پۇقرالارغا قارىتىلغانلا بولسا، تېنچ ۋاقىتتىمۇ ياكى قوراللىق توقۇنۇش بولغاندىمۇ ئوخشاشلا سادىر بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت خەلقئارالىق قانۇندا كىشىلىك ھوقۇققا ئەڭ ئېغىر دەپسەندىچىلىك قىلىش دەپ قارىلىدۇ. بۇ دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنسانىيەتكە قارشى كونكېرت جىنايەتلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: خەلقئارالىق قانۇنغا خىلاپ ھالدا تۈرمىگە تاشلاش ياكى باشقا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش؛ روشەن مىللىي ياكى دىنىي ئالاھىدىلىكى بار خەلققە زىيانكەشلىك قىلىش؛ مەجبۇرى غايىپ قىلىۋېتىش؛ قىيناش؛ ئۆلتۈرۈش؛ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلار بىلەن روھىي ۋە جىسمانى ساغلاملىققا قەستەن ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش، بولۇپمۇ مەجبۇرى ئەمگەك ۋە جىنسىي تاجاۋۇزچىلىق قاتارلىقلار.

خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئۇيغۇر رايونى خىتايدىكى كۆپ سانلىق نوپۇسى مۇسۇلمان بولغان بىردىنبىر رايون. بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەر ئېتنىك تەركىبى جەھەتتىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر. بۇ يەردىكى ئاساسلىقى خىتايچە سۆزلەيدىغان كۆپ سانلىق خىتايلاردىن پەرقلىق ھالدا، ئۇلار ئاساسەن مۇسۇلمان خەلق بولۇپ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلى بار. 2010- يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىدە، ئۇيغۇر رايوندا ئۇيغۇرلار %46 نى، قازاقلار %7 نى تەشكىل قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇشى بىر يېڭىلىق بولمىسىمۇ، بۇ زۇلۇم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زورايغان. بىر مىليونچە ئادەم ئاساسسىز ھالدا ئاتالمىش «سىياسىي ئۆگىنىش» لاگېرى، سوتتىن بۇرۇنقى تۇتۇپ

[1] بۇ رايون بىر نەچچە تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتى؛ بۇلاردىن ئەڭ چوڭ ئىككىسى 11 مىليون نوپۇسى بار ئۇيغۇرلار ۋە 1.6 مىليون قازاقلار. بۇلاردىن باشقا يەنە نوپۇسى ئازراق بولغان قىرغىز قاتارلىق بىر نەچچە مىللەت بار. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىقنى خاتىرىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە «سىياسى ئۆگىنىش» نامىدىكى لاگېرلاردا خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇشلارمۇ بار. بىز بۇ دوكلاتتا، خىتاي ھۆكۈمەت سىياسىتى نىشانلىغان شۇ مىللەت كىشىلىرىنى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرى دەپ ئالدۇق.

[2] قاراڭ: بېتانى ئاللېن- ئېبراھىمىئان، «ئاشكارىلاندى: خىتاينىڭ فورمىلاغا ئاساسەن كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە قولغا ئېلىش مەشغۇلات قوللانمىسى»، «خەلقئارالىق كونسورتىيۇم (شېرىكلىشىش) ژورنىلى»، 2019- يىلى 24- نويابىر،

https://www.icij.org/investigations/china-cables/exposed-chinas-operating-manuals-for-mass-internment-and-arrest-by-algorithm/

ستېۋېن لى مىيېرس: «خىتاي مۇسۇلمانلارنى باستۇرغىنىنى ئاقلاپ، نيو-يورك ۋاقتىدىكى ماقالىنى قارىلىدى»، نيو- يورك ۋاقتى، 2019- يىلى 18- نويابىر،

https://www.nytimes.com/2019/11/18/world/asia/china-xinjiang-muslims-leak.html/

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى، «ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشى: <بىزگە ئىنساندەك مۇئامىلە قىلىش كېرەك دەپ سورىغىنىمىزنىڭ نېمىسى ئارتۇق ؟>»،

https://uhrp.org/press-release/mass-internment-uyghurs-%E2%80%9Cwe-want-be-respected-humans-it-too-much-ask%E2%80%9D.html/

تۇرۇش ئورنى، ۋە تۈرمە دېگەندەك 300~400 قاماقخانىلارغا[3] تاشلاندى.[4] پەقەت ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆيىدىكىلەرگە ئېۋەتكەنلىكى ياكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلكىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇلارغا كېسىم ئېلان قىلمايلا ئېغىر قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلار ۋە تۈرمىگە تاشلانغانلارنى قىيىندى، خورلىدى، يات مەدەنىي ۋە سىياسىي ئاڭلارنى مەجبۇرلاپ تاڭدى ، مەجبۇرى ئەمگەككە سالدى. بۇنداق خورلاشلار قاماقخانىلارنىڭ سىرتىدىمۇ داۋام قىلماقتا: خىتاي ئەمەلدارلىرى كەڭ كۆلەملىك نازارەت سېستىمىسى بىلەن تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشىنى چەكلىدى، ئۇلارنى خالىغانچە قولغا ئالدى، ۋە ئۇلارنى مەجبۇرىي غايىپ قىلدى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى يوقىتىپ ئائىلە ئەزالىرىنى بىر- بىرىدىن ئايرىۋەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە بېلگىيە، كانادا، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى خىتاينىڭ بەزى قىلمىشلىرىنى خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېلان قىلدى. ھازىرچە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ قولىدا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق نىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يېتەرلىك ماتېرىيال تېخى يوق. شۇنداقتىمۇ، بۇ دوكلات ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارمىدى دېمەيدۇ. بۇ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارمۇ 1948- يىلىدىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان بولغاچقا، ئەگەر بۇ توغرىلىق ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقسا، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن قاراشنى قوللاش ئېھتىماللىقى تامامەن بار.

2017- يىلىدىكى خىتاينىڭ ھۆكۈمەت دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر رايونىدىكى نوپۇس پۈتكۈل نوپۇسنىڭ 1.5 پىرسەنتى بولسىمۇ، خىتايدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ 21 پىرسەنتى ئۇيغۇر رايونىدىكىلەردىن تەشكىل تاپقان. 2017- يىلدىن ئېتىبارەن، خىتاي دائىرىلىرى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۇيغۇر رايونىدىكى مەسچىتلەرنىڭ 3\2 قىسمىنى بۇزغان ياكى يوقاتقان، ۋە بۇلاردىن يېرىمىنى پۈتۈنلەي چېقىۋەتكەن. پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىدىكى مۇھىم دىنىي جايلارنى چېقىۋەتكەن.[5]رايۇنلۇق ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» دېگەننى باھانا قىلىپ، يەرلىك دائىرىلەر زورلۇق بىلەن «تۇغقان بولۇپ» تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى نازارەتچىلىك قىلغان، بۇخىل نازارەتچىلىكلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ۋە مېڭە يۇيۇش لاگىرلىرىنى قۇرغان، ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ كېچىسى قونغان. كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدىغىنى، تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان ئاتا- ئانىلار خالىغانچە تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى يېتىمخانا، ياتاقلىق مەكتەپ، ھەتتا ياتاقلىق يەسلىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.[6]

خەلقئارانىڭ بۇ دەپسەندىچىلىككە كۈچلۈك ئىنكاسى قايتۇرىشى تېخىمۇ ھالقىلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەزى دۆلەتلەر، مەسىلەن، كانادا، ياۋرۇپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە چېتىشلىق خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئورگان ۋە شىركەتلەرگە مەخسۇس قاراتمىللىق جازالارنى يۈرگۈزدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە ئۈچىنچى كومىتېتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي مەجلىسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى ئەيىبلەشلىرىگە ئاۋاز قوشقان دۆلەتلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا بەزى دۆلەتلەر تېخىچە خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى سىياسىتىنى قوللاپ كېلىۋاتىدۇ.

2019- يىلى ئىيۇلدا، 20 دىن ئارتۇق دۆلەتلەر ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ پرېزىدېنتىغا خەت ئەۋەتىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا ئەختىيارى زىيارەتتە بولۇپ، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان باستۇرۇشلارنى نازارەت قىلىش ۋە دوكلات قىلىشقا چاقىرغان.[7] بۇنىڭغا قارىتا خىتاي ئۆزى قاتناشماي، ئىران، شىمالىي كورىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ۋېنېزۇئېلا ۋە شۇنىڭدەك ئۆزلىرىدەك كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئېغىر بولغان50 نەچچە دۆلەتنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇلارغا ئىمزالىق خەتابنامە ئېلان

---

[3] ئالىسون كىللىڭ، مېگھا راجاگوپالان بىلەن كرىستو بۇسچەك: «خىتاي خەرىتىسىدىكى بوش قالدۇرۇلغان يەرلەر بىزگە ئۇيغۇر رايونىدىكى لاگىرلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى»، بازفىد خەۋەرلىرى، 2020- يىلى 27- ئاۋغۇست،

https://www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/satellite-images-investigation-xinjiang-detention-camps;

كېلسېي مۇنرو: «شىنجاڭ سانلىق مەلۇمات قۇرۇلۇشى تورى ئېچىلدى»، ئاۋستىرالىيە ستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنىستىتۇتى، 2020- يىلى، 25- سىنتەبىر،

https://www.aspi.org.au/news/xinjiang-data-project-website-launch

[4] فېرگۇس رىيان، دانىئېللې كاۋې بىلەن ناسان رۇسېر، «شىنجاڭدىكى لاگىرلار»، ئاۋستىرالىيە ستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنىستىتۇتى، 2018- يىلى 1- نويابىر،

https://www.aspi.org.au/report/mapping-xinjiangs-re-education-camps

[5] ناسان رۇسېر، جامېس لېيبولد، كېلسېي مۇنرو ۋە تىللا خوجا: «مەدەنىيەتنى يوقىتىش»، ئاۋستىرالىيە ستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنىستىتۇتى، 2020- يىلى 23- سىنتەبىر، .https://www.aspi.org.au/report/cultural-erasure

[6] ئادرىئان زېنز: «ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتماقچى: خىتايدىكى ئاتا- ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنى بىر- بىرىدىن ئايرىش بۇنىڭ ئىسپاتى»، سىياسىي خەۋپ ژورنىلى، 7- قىسىم، 7- سان، 2019- يىلى ئىيۇل.

[7] ئۇيغۇر رايونى توغرىسىدا كىشىلىك ھوقۇق كېڭەش رەئىسىگە بىرلەشمە مۇراجەتنامە، 2019- يىلى ئىيۇل.

قىلغۇزدى.[8] 2019-يىلى نويابىردا، يەنە بىر گۇرۇپپا دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەندىشىسىنى ئىپادىلىگەن خەتنى ب د ت نىڭ ئۈچىنچى كومىتېتىغا سۇندى. خىتاي بۇنىڭغا قارشى 54 دۆلەت ئىمزا قويغان خەت بىلەن ئىنكاس قايتۇردى.[9]

2020-يىلىدىن بېرى، ئۇيغۇر رايونىدىكى دەپسەندىچىلىك توغرىسىدىكى خەۋەر دوكلاتلار كۆپىيىپ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇلارنى ئىنكار قىلىشى ياكى ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشى تەسكە توختىدى. 2020-يىلى ئىيۇندا، ب د ت نىڭ 50 ئالاھىدە تەرتىپ مېخانىزىمى — مەخسۇس دوكلات بەرگۈچىلەر، خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىكتە خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونى ۋە تىبەتتىكى دىندارلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن «كوللېكتىپ باستۇرۇش» قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە قارىتا بىر يىرگىنىشلىك ئېيىبنامە ئېلان قىلدى. بۇ مۇتەخەسسىسلەر ب د ت دىن نازارەت قىلىش مېخانىزىمى بويىچە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ مەخسۇس خىتايغا قاراتقان ئالاھىدە يىغىنىنى چاقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. ب د ت غا ئەزا ئورگان ۋە دۆلەتلەردىن خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.[10] 2020-يىلى ئۆكتەبىردە، 39 دۆلەت رايون ھالقىغان گۇرۇپپا تەشكىللەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونى، خوڭكوڭ ۋە تىبەتتە كەڭ كۆلەمدە يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەپ بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلدى. بۇ بايانات، ب د ت نىڭ 50 ئالاھىدە تەرتىپ مېخانىزىمى ئىچىدىكى كۆپىنچىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئەيىبلەشلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئايرىم-ئايرىم ئىككى قارشى بايانات ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر رايونى توغرىسىدا بولۇپ، بۇنىڭغا 45 دۆلەت ئىمزا قويغان، ۋە كۇبا تەرەپ بۇ بىرلەشمە باياناتنى ئېلان قىلغان.[11]

## خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى تەكشۈرۈش

ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلمىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن جازاغا تارتىش جىنايەت سادىر بولغان رايونغا باشقۇرۇش ھوقۇقى بار بولغان دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى. «خەلقئارا ئادىل سوت ئۆلچىمى» بويىچە دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەرەپسىز تەكشۈرۈشكە ۋە ئەيىپلەنگۈچىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى جاۋابكارلىققا تارتىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان جىنايى ئىشلار ئەدلىيە مېخانىزىمىنىڭ بولۇشى شۇ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ سادىر قىلغان دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكرار رەت قىلىپ، ئۇ رايوندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ياكى مۇستەقىل خەلقئارالىق نازارەتنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت بېرىشنى خالىمىدى.

تارىختا دائىرىلەر، مەسىلەن ب د ت ئورگانلىرى ياكى رايونلۇق ئورگانلار مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ دۆلەتلەر دائىم ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى باھانە قىلىپ رەت قىلىدۇ. 2002-يىلى كۈچكە ئىگە بولغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ رىم نىزامنامىسىدا، ئەگەر باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە شۇ دۆلەتنىڭ سوت مەھكىمىسى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېغىر خەلقئارالىق جىنايەتلەردە مەسئۇلىيىتى ئەڭ كۆپ دەپ قارالغان شەخسلەرنى تەكشۈرۈش ۋە جاۋابكارلىققا تارتىشنى خالىمىسا ياكى قىلالمىسا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى بۇ ئىشنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ يېزىلغان. ئەگەر جىنايەت گۇماندارى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى شەرتنامىسىگە قول قويغان دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولسا، جىنايەت سادىر بولدى دەپ قارالغان ئورۇن شەرتنامىگە ئەزا دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسىدە بولسا، ياكى شەرتنامىگە قول قويمىغان بىر دۆلەت خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىدىن ئۆز تېررىتورىيىسىدە يۈز بەرگەن شۇنداق پاراكەندىچىلىكلەرنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ چاغدا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى جىنايى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى «خەلقئارا جىنايى ئىشلار شەرتنامىسى» گە قول قويغان دۆلەت ئەمەس. ئەگەر ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى ئۇيغۇر رايونىدىكى ئەھۋالنى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا مۇراجەت قىلسا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى مۇمكىن. لېكىن خىتاي ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغىنى ئۈچۈن، بۇنى توسۇپ قالالايدۇ.

---

[8] نىك كۇممىنگ-برۇسې: «خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشقا بەرگەن رەددىيەسى: رۇسىيە بىلەن سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ مەدھىيەسى»، نيۇ-يورك ۋاقتى گېزىتى، 2019-يىلى 12-ئىيۇل،

https://www.nytimes.com/2019/07/12/world/asia/china-human-rights-united-nations.html

[9] «54 دۆلەت خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىدى»، شىنخۇا تورى، 2019-يىلى 30-ئۆكتەبىر،

http://www.xinhuanet.com/english/2019-10/30/c_138514935.htm

[10] «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلىرى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، خىتايدىكى ئاساسى ئەركىنلىكنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى»، 2020-يىلى، 26-ئىيۇن،

https://www.ohchr.org/EN/NewsEvents/Pages/DisplayNews.aspx?NewsID=26006

[11] كۇبا ھۆكۈمىتى 45 دۆلەتكە ۋاكالىتەن بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى تېرورلۇققا ۋە رادىكاللىققا قارشى تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، 2020-يىلى 6-ئۆكتەبىر،

http://chnun.chinamission.org.cn/eng/hyyfy/t1822121.htm

تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئېغىر دەپسەندىچىلىكنىڭ زور كۆلەملىكى تۇپەيلىدىن، ئالاقىدار ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ، تېگىشلىك جاۋابكارلىققا تارتىدىغان كۈچلۈك ماس قەدەملىك ھەرىكەت قوللىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىر يولى ب د ت سۈرۈشتە قىلىش كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇيغۇر رايوندىكى قانۇنغا خىلاپ دەپ قارالغان قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش. بۇ سۈرۈشتە قىلىش كومىتېتىنىڭ پاكىت تۇرغۇزۇپ، جىنايەتچىلەرنى ئېنىقلاش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك. بۇ كومىتېتدا چوقۇم «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى»، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي ھوقۇقى، ۋە جىنس مەسىلىلەر قاتارلىق ساھەلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلەر بولۇشى كېرەك. گەرچە ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى، ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى ياكى ب د ت باش كاتىپىنىڭ بۇ سۈرۈشتە قىلىش كومىتېتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بولسىمۇ، بۇ كومىتېت ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى تەرىپىدىن ماقۇللانغان قارارى ئاساسىدا قۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.

بۇ دوكلاتتا يەنە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايوندىكى كەمسىتىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى ۋە دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش، قاراتمىلىق جازا بېرىش ۋە ب د ت مېخانىزىمىدىكى «خەلقئارا ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» گە ئاساسەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تەۋسىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئايرىم دۆلەتلەر «ئۇنىۋېرسال جاۋابكارلىققا تارتىش» تۈزۈمى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىك ئىچكى ئىشلار جىنايى قانۇنى بويىچە ئۆزىنىڭ زېمىنىدا سادىر بولمىغان قىيناش قاتارلىق ئېغىر جىنايى قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش ۋە جاۋابكارلىققا تارتىش مېخانىزىمى بويىچە جىنايى ئىشلار دېلوسى تۇرغۇزۇشنى ئويلىشىشى كېرەك. ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولسا، نۇرغۇن دۆلەتلەردە شۇ خىل جىنايەتلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىشقا يول قويىدىغان قانۇن بار. «قىيىن- قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» ۋە «خەلقئارالىق مەجبۇرىي غايىپ قىلىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىلىرىدە ئالاقىدار تەرەپلەرنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەدلىيە سېستېمىسىغا تەۋە تېررىتورىيىدىكى جىنايەت گۇماندارىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى سوتلاش مەسئۇلىيىتى بار. ئادەتلەنگەن خەلقئارا قانۇن بويىچە، ئادەتتە ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە مەسئۇل بولغانلارنى جاۋابكارلىققا تارتالايدۇ.

# تەۋسىيەلەر

**خىتاي ھۆكۈمىتىگە:**

- دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇر رايونى ۋە باشقا جايلاردا تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ ئېيىبلەنگەن، بولۇپمۇ ئاتالمىش «قايتا تەربىيىلەش» لاگېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە تۈرمىگە تاشلاش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ۋە باشقا خورلاشلارنى، شەخسىي ۋە يۇرۇش-تۇرۇش ئەركىنلىكىگە چەك قويۇش، جىنسىي زوراۋانلىق قىلىش ۋە مەجبۇرىي ھالدا تۇغۇت ئىقتىدارىدىن قالدۇرۇش، شۇنداقلا مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىقلارنى توختىتىش.
- دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى توختىتىش.
- كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرگە چېتىشلىق ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى تېگىشلىك جاۋابكارلىققا تارتىش.

**بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا:**

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى چوقۇم قارار ماقۇللاپ، تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، بۇ كومىتېتقا تۆۋەندىكى تەكشۈرۈش ھوقۇقلىرىنى بېرىش:
  - ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇنسىز تۈرمىگە سولاش ۋە باشقا جىسمانىي ئەركىنلىكلەردىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈش ؛ سىياسىي، ئېرقى، مىللىي، ئېتنىك، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى ئۇلارغا قاراتمىلىق ھالدا يۈرگۈزۈۋاتقان مەجبۇرىي غايىپ قىلىۋېتىش، خورلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە باشقا دىنىي ئەركىنلىكلىرىگە چەك قويۇش، جىنسىي زوراۋانلىق قىلىش ۋە پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز قىلىش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش ؛
  - بۇخورلاشلارنى توختىتىش تەكلىپلىرىنى سۇنۇش؛
  - مەسئۇل خادىملارنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرىدىغان يوللارنى كۆرسىتىش؛
  - زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ھايات قالغانلارغا مۇناسىپ تۆلەم تەلەپ قىلىش؛ ۋە
  - ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى باشقا ئالاقىدار ئورگانلىرىغا قەرەللىك دوكلات بېرىش.
- ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل نازارەت قىلىش ۋە دوكلات بېرىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ئۇچۇر يىغىش، ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئوچۇق ئاشكارا سۆزلەش، ئۇيغۇر ئېلىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاش ۋە  كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنى قەرەللىك خەۋەرلەندۈرۈش؛
- ب د ت نىڭ ئالاھىدە كېڭەش مېخانىزمى ئۆز تەرتىپىگە ئاساسەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايوندا ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى داۋاملىق خاتىرلەپ مېڭىش ۋە ئاممىۋىي دوكلات تەييارلاش، شۇنداقلا  تەكشۈرۈش ھەيئىتى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تەكشۈرۈش مېخانىزمى قورۇپ چىقىشنى ئويلىشىش؛
- ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئۇيغۇر رايونىدىكى دەپسەندىچىلىكلەرنى تەكشۈرىدىغان كومىتېتنى ئوچۇق-ئاشكارا قوللاش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان خورلاشلىرىنى تېزدىن توختىتىشنى ئوچۇق ۋە يىپىق سورۇنلاردا تەلەپ قىلىش. باش كاتىپ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە مەسئۇل بولغانلارنى جاۋابكارلىققا تارتىشنى ئوچۇق-ئاشكارا قوللاش.
- ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىمۇ بۇ تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئۇيغۇر رايونىدىكى دەپسەندىچىلىكلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئومۇمىي مەجلىسكە سۇنۇشنى ۋە دوكلاتلارنى ب د ت غا ئەزا ھەممە دۆلەتلەرگە ۋە ب د ت نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىش؛

- ب د ت ئومۇمي مەجلىسى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە مەسئۇل بولغانلارغا ئايرىم جازا بېرىش دېگەنگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرىدىغان كونكرېت ئۇسۇللارنى ئوچۇق ئاشكارا قوللايدىغان قارارنى ماقۇللاش؛
- خىتاينىڭ دائىمىي ئەزالىق ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى مۇمكىن قەدەر ئارىيا فورمۇلا يىغىنى (ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ غەيرى رەسمى يىغىلىشى) چاقىرىش قاتارلىق بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش؛

**مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە:**

ئىككى تەرەپ ياكى كۆپ تەرەپلىك بىرلەشمە ھەرىكەت ئاساسىدا

- «ئامېرىكا يەر شارى ماگنىتسكىي قانۇنى» ۋە شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتلەر ئارا ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇن نىزامىغا ئاساسەن، ۋىزا چەكلىمىسى ياكى ساياھەت چەكلىمىسى قويۇش ۋە شەخسلەرنى ئايرىم جازالاش؛  بۇخىل كوللېكتىپ جازانىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.
- ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك ۋە سېستېمىلىق باستۇرۇشلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى مەسئۇلىيىتىي بارلىقنى ھەم شۇنداقلا ئۇ قىلمىشلارنىڭ  ئىسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئايرىم ۋە كوللىكتىپ ئېيىبلەش ؛
- ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە چېتىشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىنى «ئۇنىۋېرسال جاۋابكارلىققا تارتىش قانۇنى» ئاساسىدا جاۋابكارلىققا تارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛
- دۆلەت تەپتىش ئورگانلىرىنى "خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش قۇرۇلمىسى" غا ئوخشاش قۇرۇلمىلىق تەكشۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش. بۇنىڭدا تەپتىش مەھكىمىسى ئېغىر خىلاپلىق قىلمىشقا چېتىشلىق دەپ قارالغان ئۇچۇرلارنى يىغىپ ۋە ئانالىز قىلىپ، كەلگۈسدە جاۋابكارلىققا تارتىشقا ئاساس ھازىرلاش؛
- خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى كەڭ كۆلەملىك نازارىتىگە ھەمدەمدە بولغان تېخنولوگىيە شېركەتلىرىگە قارىتا تېخىمۇ قاتتىق ھەركەتكە ئۆتۈپ، «يەرشارى ماگنىتسكىي قانۇنى» ياكى شۇنىڭدەك قانۇن- نىزاملار ئاساسىدا جازالاش؛
- «ھەرخىل شەكىلدىكى ئېرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» گە قول قويغان دۆلەتلەر خىتاينىڭ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قارشى بۇ ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا ئايرىم ۋە كوللىكتىپ ئەرز سۇنۇش؛

**سودا، مەبلەغ سېلىش ۋە سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا:**

- مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئۇيغۇر ئېلىگە سېلىنغان بارلىق مەبلەغلەرنى تەكشۈرۈش. زۆرۈر تېپىلغاندا، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق ئېغىر دەپسەندىچىلىكلەر بىلەن ئېيىبلەنگەن ساھەلەردىن مەبلەغ قايتۇرىۋېلىش قاتارلىق سودا جازاسى يۈرگۈزۈش.
- 2021- يىلى يانۋاردا كانادا قىلغاندەك، شېركەتلەرگە تۆۋەندىكىدەك ئاممىۋى مەسلىھەت بېرىش:
  - ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئېغىرلىقى؛
  - شېركەتلەرنىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنىي مەسئۇلىيىتى؛
  - بىۋاستە سودا مۇئامىلىسى ياكى مۇناسىۋەتلىك تەمىنلەش زەنجىرى سودىسىغا چېتىلىپ قېلىپ، كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەخلى قىلىشقا شېرىك بولۇپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچراش؛ ۋە
  - خىتاي بىلەن بولغان ھەر قانداق سودا ئالاقىسدە مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىنى ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق  تەكشۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش؛
- مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلار مۇستەقىل ۋە تەرەپسىز خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ ،خورلاش قىلمىشلىرى  ئوتتۇرغا قويۇلغانغا قەدەر، بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلارنى جاۋابكارلىققا تارتىپ، زىيانكەشلىككە

ئۇچرىغۇچىلارغا تۆلەم بەرمەي تۇرۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي بىلەن بولغان سودا كېلىشىمىنى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ماقۇللىشىغا تاپشۇرماسلىق.

- كارخانىلارنى ئۇيغۇر رايونىدىكى سودا شېرىكلىرىنىڭ ئىسمى، ئادرېسى، ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلاشقا چاقىرىش؛
- ئۇيغۇر ئېلىدە سودا قىلىۋاتقان شىركەتلەرنى قانۇنى كۈچكە ئىگە بولغان كىشىلىك ھوقۇقتا مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش تەلىپى قويۇش؛
- خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى باستۇرۇشقا ھەمشېرىك بولمىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

### تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان دىياسپوراسى بار دۆلەتلەرگە:

- تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىق ئىشلىرىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان سىستېمىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛
- تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىپ، ئائىلىلەرنىڭ جەم بولۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇش؛
- بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مەجبۇرىي قايتۇرۇلۇش دېگەندەك بارلىق شەكىلدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىنى خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرىدىغان قىلمىشلارنى توختىتىش؛
- باشقا دۆلەتلەردىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش دېلولىرىنى «جىنايى ئىشلار قانۇنى» بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىش دېگەندەك تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش مېخانىزىمى ئورنىتىش؛
- تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلاردىن قىيىن-قىستاق، باسقۇنچىلىق ۋە باشقا جىنايەتلەردىن ھايات قالغانلارنىڭ قانۇن، داۋالاش ۋە پسىخىك ياردەملەرگە ئېرىشىدىغان پروگراممىلاردىن ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى قوغدايدىغان پروگراممىلاردىن بەھرىمان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

### كارخانا ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا:

- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ توسقۇنلىقى سەۋەبلىك، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق يېتەكچى پىرىنسىپى» دە تىلغا ئېلىنغان كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۇيغۇر رايونىدا ئادا قىلىشنىڭ ھازىر مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىش.

تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلىرىغا چېتىشلىق مەجبۇرىي ئەمگەكنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىدىغان «قاراپ تۇرماڭ» دېگەندەك چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قەدەملەرنى ئېلىش.